# شى جىنپىڭ بىرما زۇڭتۇڭى ۋىن مىن بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو بىلەن بىرمىنىڭ ئەنئەنىۋى قېرىنداشلارچە دوستلۇقى بوران ـ چاپقۇننى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەملەندى. ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆستۈرۈلۈپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقى ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كەلدى. ئىككى تەرەپ يېقىندا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە ئۆزئارا قوللاپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولىدىغان، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان جۇڭگو ـ بىرما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى روھىنى جانلىق شەرھلىدى. بۇ يىل 1 ـ ئايدا مەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۆلىتىڭلاردا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇپ، سىز بىلەن يېڭى ۋەزىيەتتە جۇڭگو ـ بىرما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش توغرىسىدا مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرىشكە تۈرتكە بولدۇق.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىشكە دۇچ كەلمەكتە، جۇڭگو ـ بىرما مۇناسىۋىتى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرماقتا. مەن جۇڭگو ـ بىرما مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، سىز بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو ـ بىرما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى مىزان قىلىپ، يۇقىرى قاتلام ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، سىياسىي ئىشەنچنى مۇستەھكەملەپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنى مەڭگۈ ياخشى قوشنا، ياخشى دوست، ياخشى ھەمراھ، ياخشى قېرىنداش قىلىشقا تىرىشىشنى خالايمەن.

ۋىن مىن تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگونىڭ مەملىكەتلىك «ئىككى يىغىن»نىڭ ئوڭۇشلۇق ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، جۇڭگو تەرەپنىڭ بىرمىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا قىممەتلىك ياردەم بەرگەنلىكىگە ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. بىرما بىلەن جۇڭگو دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، ئىككى دۆلەت بىرما ـ جۇڭگو تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا بىردەك قوشۇلدى. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بىرما ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشى، دەرىجىسىنىڭ ئاشۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقى يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ.

شۇ كۈنى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ بىلەن بىرما دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئاۋڭسەن سۇچىمۇ ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. لى كېچياڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېدى: يېڭى ۋەزىيەتتە، جۇڭگو تەرەپ بىرما تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئورتاق تونۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ۋە جۇڭگو ـ بىرما ئىقتىساد كارىدورى ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ـ بىرما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پۇختىلاشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. ئاۋڭسەن سۇچى تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېدى: بىرما ـ جۇڭگو «بىر بەلباغ، بىر يول» ۋە جۇڭگو ـ بىرما ئىقتىساد كارىدورى ھەمكارلىقى جەزمەن ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىدۇ، بىرما تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، ئىككى دۆلەتنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتى ۋە ئەمەلىي ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇشتا ئۈزلۈكسىز يېڭى تەرەققىياتلارنى قولغا كەلتۈرۈشنى خالايدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شەھەر)لەر بىردىن ئىككىگىچە ئەمەلىي مەشىق ئۈلگە بازىسى قۇرۇپ چىقىدۇ(ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرىدۇ)، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن قۇرۇپ چىقىش كېرەك؛ قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، «كەسىپ + مەكتەپ + تەربىيەلەش ئاپپاراتى + كارخانا + تۈر» ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنىڭ يۇغۇرما ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، «ھۆكۈمەت — مەكتەپ — ئەمەلىي مەشىق — پراكتىكا — ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» مېخانىزمى ئورنىتىلىدۇ.

ھەرىكەت لايىھەسىدە مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: ئاپتونوم رايونىمىز ئوخشاش بولمىغان تۈر، ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ساھەسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، كەسىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ساھەسىدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ يېڭى شەكلى، يېڭى مەزمۇنى، يېڭى ئۇسۇلى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، يېڭى تىپتىكى بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇشتا ئادەم ئىشلىتىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ، بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش كارخانىلىرى ۋە تۈر قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنى ۋاستە قىلىپ، بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى تېخنىكىلىق ئىش تۈرلىرىدە تەربىيەلەش ۋە ئەمەلىي مەشىق، پراكتىكىنى ئاساس قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكلەش رولى، كارخانىنىڭ سۇبيېكتلىق رولى، كەسپىي مەكتەپلەر(تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ ئۇللۇق رولى، ئىجتىمائىي ئاپپاراتلارنىڭ قوللاش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنى ئىشلىتىشنى ئاساس قىلىدىغان بىر تۈركۈم ئەمگەك ـ مۇلازىمەتنى بۆلۈپ ھۆددىگە ئېلىش كارخانىلىرى ۋە ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنى يېتىشتۈرۈپ، تەشكىللىك، كاپالەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)لەرنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش كارخانىسى، ئەمگەك ھەمكارلىق كوپىراتىپى، ئەمگەك كۈچى ئەۋەتكۈچى شىركەت قاتارلىقلارغا تايىنىپ، بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىشنى تەشكىللىك، پىلانلىق قانات يايدۇرۇپ، ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا تەربىيەلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش جەھەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنى راست نام تۈزۈمى بىلەن باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش، بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى يېڭىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەشكىللەش دەرىجىسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش، ئەمگەك كۈچى ئىشلىتىش توختامىنى ئادا قىلىشنى چىڭىتىش، ئادەم ئىشلىتىش بويىچە تەمىنلەش ـ ئېھتىياج سۈپىتىنى پائال بەرپا قىلىش، بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ ئىلھام بېرىش، ئوقۇتقۇچى كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە كاپالەتلىك قىلىش، كۆپ قاتلاملىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كۈچەپ تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۆھرەت زاكىر مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپىگە ئاساسەن، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ساھەسىدە تېخنىكىلىق ئىش تۈرى بويىچە ئۈچ يىلدا 200 مىڭ كىشىنى تەربىيەلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ياخشى تۇتۇپ، تۈرلۈك سىياسەت تەدبىرلەرنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ساھەسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىغىمچانلىقى زور، كەسىپلەرنىڭ باغلىنىش دەرىجىسى يۇقىرى بولۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئۈنۈملۈك تۇتقا. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ساھەسىدە ئىشلەۋاتقانلار ئىشقا ئورۇنلاشقان نوپۇسنىڭ %10نى ئىگىلەيدۇ، بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ساھەسىدە تېخنىكىلىق ئىش تۈرى بويىچە تەربىيەلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دېھقاندىن سانائەت ئىشچىسىغا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا نوپۇسىنىڭ شەھەر ـ بازارلارغا يۆتكىلىشىنى تېز ئالغا سىلجىتىدۇ، بۇ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، يېڭىچە شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشقا پايدىلىق بولۇپ، كەسىپ ئارقىلىق كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلىش، كەسىپ ئارقىلىق كىشىلەرنى مۇقىم قىلىش، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پۇختا ئاساس سالىدۇ.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز قاتناش، سۇچىلىق، ئېنېرگىيە قاتارلىق مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلار ۋە ئۆل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتقانلىقتىن، بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ساھەسىنىڭ تېخنىكىلىق ئىشچىلارغا بولغان ئېھتىياجى زورايدى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەربىيەلەش خىزمىتىنى ياخشى قانات يايدۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەربىيەلەش خىزمىتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئۆلچەيدىغان يادرولۇق ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ ئەمەلىي، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ، سالمىقى تېخىمۇ زور بولغان بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ساھەسىدە تېخنىكىلىق ئىش تۈرى بويىچە تەربىيەلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىشى كېرەك. ئەمەلىي تەربىيەلەش بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئوقۇتقۇچىلار كۈچىگە كاپالەتلىك قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈش، ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش قاراتمىلىقىنى كۈچەيتىش، تەربىيەلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇقىملىقىنى ئاشۇرۇش، راست نام تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇشنى تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بەش جەھەتتىكى نۇقتىلىق خىزمەتنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ھەمكارلىشىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، ئاپتونوم رايون بېكىتكەن تەربىيەلەش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش يېڭى ۋەزىيىتىدە، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقىرى سۈپەتلىك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق تەربىيەلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قوش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جەرۇللا ھېسامىدىن، جاۋ چىڭ يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئوقۇيدىغان مەكتەپ بولۇش پەقەت بىرىنچى قەدەم، ھەربىر بالىنى ياخشى ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئەڭ ئاخىرقى نىشان. ئاپتونوم رايونىمىز مەجبۇرىيەت مائارىپىنى تەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، 2020 ـ يىلىغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە تەۋەسىدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تەكشى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئايدىڭلاشتۇرغاندى، بۇ نىشان پات ئارىدا رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

## داۋالاش كاپالىتى «ساغلاملىق مۇداپىئە لىنىيەسى» بەرپا قىلدى

«بەختىمگە يارىشا دۆلەتنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، مېنىڭ ئاغرىق ئازابىم يېنىكلەپلا قالماي، كېسەل كۆرستىش يۈكىمۇ يېنىكلىدى» دېدى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يېڭىسار ناھىيەسى ساغان يېزىلىق شىپاخانىدا يېتىپ داۋالىنىپ چىققان ئاغرىق بىلال ئىزاق ھېسابات قىلىپ بولغاندىن كېيىن داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىنى توختىماي ماختاپ.

بۇ يىل، قەشقەر ۋىلايىتى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش سالمىقى ۋە دۆلەتنىڭ داۋالىنىش كاپالىتى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇردى، بولۇپمۇ «ئالدى بىلەن داۋالاش، ئاندىن ھەق تۆلەش» تەشۋىقاتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، نامراتنىڭ داۋالىنىش كاپالىتى جەھەتتە يولۇققان قىيىنچىلىقلىرىنى ئەڭ زور چەكتە ھەل قىلىپ، نامرات ئاممىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

شىنجاڭدا، بىلال پەقەت داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتىدىن مەنپەئەتلەنگۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بارغانسېرى كۆپ ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنى كېسەل كۆرستەلەيدىغان بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

كېسەللىك سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىش نامراتلارنى يۆلەش يولىدىكى يېڭىش تەس بولغان «قاتتىق قىيىنچىلىق». ئاپتونوم رايونىمىز «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» تەلىپىنى زىچ چۆرىدەپ، ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، داۋالىنىش كاپالىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، چوڭ كېسەللەرنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامرات ئاممىنىڭ ساغلاملىقىنى باشقۇرىدىغان ئادەم بولۇش، كېسەل بولغانلارنى داۋالايدىغان ئادەم بولۇش، كېسەل داۋالاتسا ئاتچوت قىلغىلى بولۇش، چوڭ كېسەل بولسا قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، چوڭ كېسەل سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، ئېغىر نامرات نوپۇس تولۇقلىما داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىن ئىبارەت «بىر تالون تۈزۈمى» بويىچە راسچوت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامرات نوپۇسنىڭ قاتراپ يۈرۈپ ھەق تۆلىشىنى ئازايتتى؛ نامرات نوپۇسنىڭ چوڭ كېسەل بويىچە مەخسۇس قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش كېسەل تۈرىنى 32 خىلغا كېڭەيتىپ، 164 بېكىتىلگەن داۋالاش دوختۇرخانىسىنى بېكىتىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاغرىقلارنى چوڭ كېسەل بويىچە قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بىلەن قاپلاش نىسبىتىنى %99.14كە ئۆستۈردى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 898 يېزا ـ بازارلىق شىپاخانا، 8602 كەنت داۋالاش ئۆيى ئۆلچەملەشتۈرۈپ قۇرۇش تەلىپىگە يەتكۈزۈلۈپ، ئۆلچەملەشتۈرۈلۈش نىسبىتى %100 بولدى... ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتىكى تەدبىرلەرنىڭ بىر ـ بىرلەپ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، جايىدا ئەمەلىيلىشىشى نامرات ئاممىنى ھەقىقىي ساغلاملىق پايدىسىدىن بەھرىلەندۈردى.

## ئەمىن ئۆيدە ئولتۇرۇپ ياخشى كۈن كەچۈرۈش

«بەختىمىزگە يارىشا نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش سىياسىتى بولغاچقا، بىز ‹نامرات كۈلبە›لەردىن كۆچۈپ چىقىپ، يېڭى ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز» دېدى نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش تىلغا ئېلىنغاندا قاراقاش ناھىيەسى شىخمەن جىيايۈەن ئولتۇراق رايونىدىكى بۇتۇرسۇن ئابدۇسادىر تولۇپ تاشقان مىننەتدارلىق بىلەن.

نامرات نوپۇسنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، «تۇرالغۇ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى.

ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ تۇرالغۇ مەسىلىسى، بولۇپمۇ يېزىلاردىكى تۆت تۈرلۈك نۇقتىلىق ئوبيېكتلارنىڭ بىخەتەر تۇرالغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدىكى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، 22 ئېغىر نامرات ناھىيە، شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى.

2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىي 1 مىليون 694 مىڭ 800 يۈرۈش يېزا ئەمىن ئۆيى سېلىپ، 7 مىليونغا يېقىن ھەر مىللەت دېھقان ـ چارۋىچى ئاممىنىڭ ئولتۇرىدىغان ئەمىن ئۆيى بولۇشى، ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان يەردە ئولتۇرۇشىنى ئىشقا ئاشۇردى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ خەتەرلىك ئۆيلەردە ئولتۇرۇش تارىخىغا ئۈزۈل ـ كېسىل خاتىمە بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز 75 مىڭ ئائىلىلىك يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار، بولۇپمۇ نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن ئون ناھىيەنىڭ يېزا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە پۈتتۈرۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش كاتىپى

# ئەنۋەر تۇرسۇن ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلغانلىقتىن پارتىيەدىن قوغلاندى ۋە خىزمەتتىن ھەيدەلدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باش كاتىپى ئەنۋەر تۇرسۇننىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىنى دېلو تۇرغۇزۇپ قاراپ چىقتى، تەكشۈردى.

تەكشۈرۈلۈشچە، ئەنۋەر تۇرسۇن غايە ـ ئېتىقادىنى يوقاتقان، پارتىيەگە سادىق ئەمەس، سەممىي ئەمەس، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىجرا قىلىشنى رەت قىلغان؛ مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئوغلى ئۈچۈن ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ چوڭ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن؛ خىزمەت يۆتكەش، ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە باشقىلارغا نەپ يەتكۈزگەن؛ خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ شەخسىي تۆلەشكە تېگىشلىك خىراجىتىنى باشقىلارغا ئاتچوت قىلدۇرغان، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ پايدا ئېلىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ پېيى بازارغا سېلىنمىغان شىركەتنىڭ پېيىغا ئىگە بولغان، سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلغان؛ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى توغرا ئادا قىلماي، خىزمەت سانلىق مەلۇماتلىرىنى يوشۇرۇشقا، چالا مەلۇم قىلىشقا يول قويغان، سۈكۈت قىلغان؛ ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، تۈرنى ھۆددىگە ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە باشقىلارغا نەپ يەتكۈزگەن ھەم مال ـ مۈلۈك قوبۇل قىلغان؛ نامۇۋاپىق مەنپەئەتنى كۆزلەپ، باشقىلارغا مال ـ مۈلۈك سوۋغا قىلغان.

ئەنۋەر تۇرسۇن پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى، تەشكىلىي ئىنتىزامى، پاكلىق ئىنتىزامى، خىزمەت ئىنتىزامىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، ۋەزىپىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ھەم پارا ئېلىش، پارا بېرىشكە چېتىلىش قاتارلىق جىنايەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىنمۇ نەپسىنى يىغمىغان، قولىنى تارتمىغان، خاراكتېرى ئىنتايىن ئېغىر، تەسىرى ئىنتايىن قەبىھ بولۇپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رېۋىزىيە قانۇنى» قاتارلىقلاردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا تەتقىق قىلىش ھەم ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا سۇنۇپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، ئەنۋەر تۇرسۇنغا پارتىيەدىن قوغلاش جازاسى بېرىش؛ ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى ئۇنىڭغا خىزمەتتىن ھەيدەش جازاسى بېرىش؛ ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى ۋەكىللىك سالاھىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش؛ ئۇنىڭ ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپ تاپاۋىتىنى مۇسادىرە قىلىش؛ ئۇنىڭ جىنايەتكە چېتىشلىق مەسىلىلىرىنى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە قاراپ چىقىپ ئەيىبلىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، چېتىشلىق مال ـ مۈلكنى دېلو بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارار قىلىندى.